# چۈمۈلىلەر دۇنياسىغا كەلگىنىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!!!



ئۆمەر ھەر كۈنى مەكتەپكە مېڭىش يولىدا ئۆيىنىڭ بېغىدىن كوچىغا ئۆتۈپ بىردەم ساقلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىنتايىن ئالاھىدە دوستى بۇ باغدا تۇراتتى. ھېچكىم ئۇنىڭ بۇ دوستىنى بىلمەيتتى، لېكىن ئۆمەر ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۆمەر ئۇلار بىلەن ھەم سۆھبەت بولۇشنى ياخشى كۆرگەچكە، ئۇلارنى يوقلاشنى قەتئىي ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئۇنىڭ بۇ دوستى باشقىلارغا قارىغاندا زېرەك، ئەقىللىق بولۇپ، ئۆزىنىڭ جۇغىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، نۇرغۇن مۇھىم ئىشلارنى قىلالايتتى. ئۇ ناھايىتى ياخشى ئىشلەيتتى. ئۆزىنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەپلا قالماستىن، مۇۋاپىق ۋاقىتلاردا بىر ئارمىيىنىڭ ئەسكىرى بولالايتتى. گەرچە ئۇ ئۆمەرگە ئوخشاش مەكتەپكە بارمىسىمۇ، ئۆز ھاياتىدا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان نۇرغۇن ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىيالايتتى.

سىز بۇ كىچىك دوستىنىڭ كىم ئىكەنلىكىدىن ھەيران قالدىڭىزمۇ قانداق؟

ئۆمەرنىڭ مەخپى دوستلىرى بولسا نۇرغۇن كارامەت ئىشلارنى قىلىدىغان چۈمۈلىلەر ئىدى.



سىلەر بەلكىم ئەزەلدىن ماھىر ۋە ئەقىللىق چۈمۈلىلەر توغرىسىدا ئاڭلاپ باقمىغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن.

بەلكىم سىلەرنىڭ بەزىڭلار ئۇلارنى ھەر ۋاقىت ھېچ ئىش قىلمايدىغان قۇرۇت  قوڭغۇزلار بىلەن ئوخشاش دەپ ئويلىشىڭلار مۇمكىن. بۇنداق ئويلىغانلىرىڭلار خاتالاشقان بولىسىلەر، چۈنكى چۈمۈلىلەر باشقا جانلىقلار بىلەن ئوخشاش، ئەمما ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ھايات يولى بار.

ئۆمەر بۇ دوستلىرىنىڭ ھاياتىنى تەپسىلىي ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇ دەل ئۆمەرنىڭ ئۇلارنى يوقلاشنى ۋە ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىششنى قولدىن بەرمەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى.

دوستى ئۇنىڭغا چۈمۈلىلەر دۇنياسىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ئۆمەر ئىنتايىن ھەيران قالدى.

ئۆمەر كىچىك دوستلىرىنىڭ تالانتى، ئىرەكلىكى ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا بىلگەن ھەر بىر ئىشنى، باشقا كىشىلەر بىلەن ئورتاقلىشىش ئويى بار ئىدى.

ئۇنداقتا ئۆمەرنى نېمە شۇنداق ھاياجانلاندۇرۇۋېتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۆمەر چۈمۈلىلەر دۇنياسىغا شۇنداق مەپتۇن بولۇپ كىتىدۇ؟ سىزمۇ بەلكىم ھەيران قالغانسىز؟ ئۇنداقتا داۋامىنى ئوقۇڭ:



چۈمۈلىلەرنىڭ باشقا جانلىقلارغا قارىغاندا ئۆزگىچە نۇرغۇن تۈرلىرى بولىدۇ. ھەر 700 مىليون چۈمۈلە دۇنياغا كەلگەندە، پەقەت 40 بوۋاق دۇنياغا كېلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا دۇنيادىكى چۈمۈلىلەرنىڭ سانى ئىنسانلارنىڭ ساندىن ئېشىپ كىتىدۇ.

چۈمۈلىلەر ئائىلىسى ھەم ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. مەسىلەن: بەلكىم سىزنىڭ ئائىلىڭىزدە 4 - 5 جان بۇلىشى مۇمكىن، لېكىن ھەربىر چۈمۈلە ئائىلىسىدە بەزى ۋاقىتلاردا مىليونلىغان چۈمۈلىلەر بولىدۇ. ئەمدى بىر مىنۇت ئويلىنىپ بېقىڭ: ئەگەر سىزنىڭ مىليونلىغان قېرىنداش، ھەمشىرلىرىڭىز بولسا سىز ئۇلار بىلەن بىر ئائىلىدە تۇرالامسىز؟ ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس.

چۈمۈلىلەرنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى بۇ يەردە تۈگىمەيدۇ تېخى. مىليونلىغان چۈمۈلىلەرنىڭ بىرگە تۇرۇشىغا قارىماي، ئۇلار ئارىسىدا پەقەت قالايمىقانچىلىق، تەرتىپسىزلىك ۋە باشقا ھېچ قانداق چاتاق چىقمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتى ئادەتتىن تاشقىرى پىلانلانغان بولغاچقا ھەربىر چۈمۈلە قائىدە - تۈزۈمگە قاتتىق رىئايە قىلىدۇ.



توقۇمچى چۈمۈلىلەر ناھايىتى ماھىر تىككۈچىلەردۇر. ئۇلار يوپۇرماقلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىككى تەرەپكە تارتىپ تىكىدۇ، مۇشۇ يول بىلەن ئۇلار ناھايىتى ياخشى ئۇۋىلارنى ياسايدۇ.



بەزى چۈمۈلىلەر ئائىلىسى تىككۈچىلەردۇر. يەنە بەزىلىرى دېھقانلارغا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ يېمەكلىكلىرىنى ئۆستۈرىدۇ. يەنە تېخى بەزىلىرى كىچىك مەيدانلاردا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ تېخىمۇ كىچىك ھايۋانلارنى باقىدۇ. ئىنسانلار كالىلارنى كۆپەيتىپ سۈتىدىن پايدىلانغانغا ئوخشاش، چۈمىلىلەرمۇ بەزى ئۆسۈملۈك پىتلىرىنى كۆپەيتىپ ئۇلارنىڭ سۈتلىرىدىن پايدىلىنىدۇ.



ئىشىك باقار چۈمۈلىلەر ئۇۋىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، ئۇلار بۇ خىزمەتنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىدۇ. باشقا چۈمۈلىلەر ھەم ناھايىتى قاتتىق ئىشلەيدۇ. ئۇلار ئۇۋىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى قىلىدۇ.

ئەمدى بىز ئۆمەرنىڭ چۈمۈلىلەر دۇنياسى توغرىسىدا نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقايلى.

ئۆمەر: دەسلەپتە مەن ئۇنىڭ گەۋدىلىنىپ تۇرغان بېشىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا دىققەت قىلدىم. ئۇنىڭ بېشى بەدىنىدىن چوڭراق بولغاچقا مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى. مەن ئۇنىڭ بېشى نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ دەپ ھەيران بولۇپ بۇ كىچىك دوستۇمنى كۈزىتىشكە باشلىدىم. ئۇنىڭ كىچىك بەدىنىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان چوڭ بېشى ئۇۋىنىڭ كىرىش ئىشىكىنى قوغداشقا ياردەم بېرىدىكەن. قانداق بىلگىنىز

كېلىۋاتقاندۇ؟ ئۇ ئۇۋىغا كىرىشكە ئورۇنغا چۈمۈلىلەرنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە تەۋە ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ، ئەگەر ئۇلار ناتونۇش بولسا ئۇلارنى كىرگىلى قويمايدىكەن.

ئۇزۇنغا قالماي ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۇم ۋە ئۇنىڭدىن ئۇۋىسىنىڭ ئىچىدە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشىنى سورىدىم. كىچىك دوستۇم مېنىڭ قىزىقىشىمنى چۈشەندى ۋە ئۇ توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشنى باشلىدى. مەن چۈمۈلىلەرنىڭ چوڭ بېشى ئارقىلىق باشقا چۈمۈلىلەرنى ئۆزىنىڭ ئۇۋىدىكى ئىكەنلىكىنى قانداق پەرق ئېتىدىغاندۇ ۋە كىرگۈزۈۋېتىدىغاندۇ دەپ ھەيران قالدىم.




چۈمۈلە: ئۆمەر مەن ساڭا ئالدى بىلەن بىزنىڭ ئائىلىمىزنى بىر توپ دەپ ئاتايدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ بېرەي. باشقىچە

قىلىپ ئېيتقاندا بىز توپ دەپ ئاتايدىغان جەمئىيەتتە ياشايمىز. بىر چۈمۈلە باشقا بىر چۈمۈلىنىڭ ئۆز توپىغا تەۋە ئەمەسلىكىنى ئاسانلا بايقىيالايدۇ. ئۇ باشقا چۈمۈلىلەرنىڭ بەدىنىنى مۇڭگۈزى (چۈمۈلىنىڭ بېشىدىن چىققان ئىنچىكە كىچىك تاياقچىغا ئوخشايدىغان مۇڭگۈزى) بىلەن تۇتىدۇ، ئۇنىڭ مۇڭگۈزى چۈمۈلىنى پەرق ئېتىشكە ياردەم بېرىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن پۇراش سېزىمىغا كۆپ شۈكرى. ئەگەر ئۇ چۈمۈلە ناتونۇش بولسا بىز ئۇنى ئۇۋىمىزغا كىرگىلى قويمايمىز. ھەمدە ئۇنى مەجبۇرى قوغلىۋېتىمىز




چۈمۈلىلەر ئۆز - ئارا بىر - بىرىنى تونۇشۇپ سۆزلىشىدۇ..





.چۈمۈلىلەر ناتونۇش چۈمۈلىلەرنى ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىغا كىرگىلى قويمايدۇ، چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇۋىسىنى، قېرىنداشلىرىنى، دوستلىرىنى قوغداش يولىدا ئۇرۇش قىلىشتىن ئىككىلىنىپ قالمايدۇ.



ئۆمەر ئۇلارنىڭ مۇنداق ياخشى بىخەتەرلىك سىستېمىسى توغرىسىدا ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن ھەيران قالدى ۋە ناتونۇشلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىشكە قانداق جۈرئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلگۈسى كەلدى. ئۆمەر بۇ خىيالىنى دوستىغا بىلدۈرگەندە، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆمەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان يەنە نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى.

چۈمۈلە ئاندىن مۇنداق دېدى: مەن ساڭا، سەن بىلىشكە تەشنا بولغان ئۇۋىمىزنىڭ ئىچكى قىسمى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەي: بىزنىڭ توپىمىز ئايال پادىشاھ، ئەركەك چۈمۈلىلەر، ئەسكەر چۈمۈلىلەر ۋە ئىشچى چۈمۈلىلەردىن تەركىب تاپىدۇ.





چۈمۈلىلەر جاپالىق ئىشلەۋاتىدۇ. .

پادىشاھ چۈمۈلە ۋە ئەركەك چۈمۈلىلەر بىزنىڭ نەسلىمىزنىڭ داۋاملىششىنى ساقلايدۇ. ئايال پادىشاھ چۈمۈلە ھەممىمىزدىن يوغانىراق بولىدۇ. ئەركەك چۈمۈلىلەرنىڭ ۋەزىپىسى پادىشاھ چۈمۈلىنى يىگى چۈمۈلىلەرگە ھامىلدار قىلىش. ئەسكەر چۈمۈلىلەر بولسا بىزنىڭ توپىمىزنى ساقلاشقا، ئوۋ قىلىشقا ۋە ئۇۋا ئۈچۈن يىڭى ماكانلارنى تېپىشقا مەسئۇل. ئاخىرقى گۇرۇپپا ئىشچى چۈمۈلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىشچى چۈمۈلىلەرنىڭ ھەممىسى تۇغماس چىشى چۈمۈلىلەر. بۇ دېگەنلىك ئۇلار يىڭى چۈمۈلىلەرنى تۇغامايدۇ. ئۇلار پادىشاھدىن ۋە ئۇنىڭ باللىرىدىن خەۋەر ئالىدۇ ۋە ئۇلارنى تازىلايدۇ ھەمدە باقىدۇ.

قېتىپ قويۇشقا تېگىشلىك يىرى شۇكى، ئىشچى چۈمۈلىلەر توپى باشقا ھەممە خىزمەتلەرنى قىلىدۇ. ئۇلار ئۇۋىدا چوڭ زاللارنى ياسايدۇ، يېمەكلىك ئىزدەيدۇ ۋە ئۇۋىنى تازىلاپ تۇرىدۇ. ئىشچى چۈمۈلىلەر ۋە ئەسكەر چۈمۈلىلەر ئۆز ئىچىدىن كىچىك گۇرپىلارغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى، كۆپەيتكۈچىلەر (كىچىك ھاشاراتلارنى بېقىپ كۆپەيتكۈچىلەر)، ئىمارەتچىلەر ۋە يېمەكلىك ئوۋلىغۇچىلار، ھەر بىر گۇرۇپپىنىڭ ئوخشاش بولمىغان خىزمىتى بولىدۇ. بىر گۇرۇپپا دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشۋاتقان ياكى ئوۋ

ئۆمەرنىڭ كىچىك دوستى يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن ، ئۇ بۇلارنى ناھايىتى ھەيرانلىق بىلەن ئاڭلىدى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى: «سەن ئۇۋىنىڭ كىرىش ئىشىكىنى ھەر ۋاقىت ساقلاشتىن زېرىكمەمسەن؟ سېنىڭ ئۇۋا ئىچىدىكى خىزمىتىڭ نېمە؟؟»



**چۈمۈلە جاۋاب بەردى:** مەن پەقەت بىر ئىشچى، مېنىڭ ۋەزىپەم بولسا بۇيەردە ئىشىك باقار بولۇش. كۆرگەنسەن، مېنىڭ بېشىم چوڭراق ئۇۋىمىزنىڭ بارلىق كىرىش ئېغىزلىرىنى قوغداشقا بەك ماسلىشىدۇ. مېنىڭ بۇنداق ئىقتىدارىمنىڭ بارلىقىدىن خۇشال مەن، ھەمدە بۇ ۋەزىپەمنى ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن بىجىرىمەن. ھەرگىز زېرىكمەيمەن. ئەكسىچە، دوستلىرىمنى تەھدىتلەردىن قوغدىيالىغىنىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن.

ئۆمەر گەرچە ئۇنىڭغا ياردەم بېرەلمىسىمۇ، ئۇنىڭ جاۋابىدىن ئىنتايىن ھەيران بولدى. چۈمۈلىلەر ھەر ۋاقىت باشقىلارغا ياردەم بېرىدىكەن، ئۆزلىرىنى پەقەتلا ئويلاپ قويمايدىكەن. ئۇلار قىلغان بەزى ئىشلارنى ھەتتا ئىنسانلار نۇرغۇن ۋاقىتنى سەرپ قىلىپمۇ قىلالمايدۇ.

ئۆمەرنىڭ كىچىك دوستى يۇقىرىقىلارنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۆمەر چۈمۈلىلەر ئۇۋا ئىچىدىكى خىزمىتىنىڭ، چۈمۈلىلەرنىڭ ئۆز - ئارا بۆلۈنۈپ ئىنتايىن ياخشى ئىشلىنىدىغانلىقىنى ئاسانلا چۈشىنىۋالدى. چۈمۈلىلەر ھاياتىنىڭ ئىنتايىن ياخشى تەرتىپلىك ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پەقەت



«بىز چولڭ ئائىلە، ئۆمەر! بىزنىڭ ئارىمىزدا ھەسەت، رىقابەت، شەھۋەتپەرەسلىك يوق. بىز دائىم ئۆز - ئارا ياردەم قىلىمىز ۋە توپ ئۇچۇن بارلىقىمىزنى بېغىشلايمىز. توپىمىزدىكى ھەربىر ئىش پەقەت قۇربان بىرىش ئاساسىدا بولىدۇ. توپتىكى ھەربىرى ئالدى بىلەن دوستلىرىغا ياخشىلىقنى ئويلايدۇ، ئاندىن ئۆزىنى ئويلايدۇ.

مەن ساڭا بىر مىسال ئېيتىپ بېرەي. ئەگەر توپتا يېمەكلىك قىس بولۇپ قالسا، ئىشچى چۈمۈلىلەر دەرھال باققۇچى چۈمۈلىلەر بولىدۇ. ھەمدە قورسىقىدا ساقلاپ قويغان تاماقلار بىلەن باشقا چۈمۈلىلەرنى بېقىشقا باشلايدۇ. توپتا يېمەكلىك تولۇقلانغان چاغدا يەنە خىزمەتچى ھالىتىگە قايتىدۇ.

مەن دائىم كىشىلەرنىڭ، تەبىئەتتىكى جانلىقلار ئارىسىدىمۇ رىقابەت مەۋجۇت بولىدۇ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ قالىمەن. ئۇلارنىڭ دېگىنىگە ئىشەنمىگىن. بىز ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەمكارلىششنى ئىنتايىن ياخشى بىلىمىز.

ئۆمەر ئۆز ئۆزىگە بۇلارنىڭ توپى بولسا بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى بۇلالايدۇ دېدى. ئۇ اللە نىڭ ئۇلارنى شۇنداق شەخسىيەتسىز، باشقىلارغا ياردەم بەرگۈچى قىلىپ ياراتقانلىقنى بىلىپ ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە بۇ كىچىك دوستلىرىغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كەتتى. ئۇ دوستىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاخىرغىچە كىشىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان ۋە اللە ياخشى كۆرۈدىغان ئادەم بولۇش قارارىغا كەلدى.

ئۇ مەكتەپكە ئازراق كېچىككەن ئىدى. ئۇ مەكتەپكە بېرىشى كېرەكلىكىنى ۋە ئەتە چوقۇم ئۈنى يەنە كۆرگىلى كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.




ئەتىسى ئۆمەر كونا جايغا كېلىپ كىچىك دوستىنى ساقلاپ تۇردى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇ كەلدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن بىر كېچىنى تاقەتسىزلىك بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېيتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇۋا ئىچى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىش ۋەدىسىنى ئەسلەتتى. شۇنىڭ بىلەن چۈمۈلە ئۇنىڭ ئۆز ئۇۋىسى توغرىسىدا ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىشنى باشلىدى.

گەرچە بىز كىچىك جانىۋارلار بولساقمۇ، بىزنىڭ ئۇۋىمىز ھەيران قالارلىق دەرىجىدە چوڭ، خۇددى بىر چوڭ ئارمىيىنىڭ باش شتابىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر سىز ناتونۇش بولسىڭىز سىز قەتئىي ئۇۋىغا كىرەلمەيسىز. چۈنكى سىز ئاللىقاچان سىزىۋېلىنغان بولىسىز، چۈنكى دەرۋازىدا مەندەك ئىشىك باقارلار بار.


ئىچىدە ئادەتتىن تاشقىرى، تەرتىپلىك توختىماستىن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىدۇ. مىڭلىغان ھەتتا مىليونلىغان ئەسكەر ۋە ئىشچى چۈمۈلىلەر ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى بىر ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان يول بىلەن قىلىدۇ. بىزنىڭ بىنالىرىمىز مەخپىي خىزمەت قىلىشقا بەكمۇ مۇۋاپىق. ئۇ يەردە ھەر بىر خىزمەت ئۈچۈن ئالاھىدە بۆلۈملەر بار. بۇ بۆلۈملەر ئەسكەر چۈمۈلىلەر ۋە ئىشچى چۈمۈلىلەر ۋە ماكا ئوخشاش چۈمۈلىلەرنىڭ خىزمىتىگە ئەڭ ئاسانلىق تۇغدۇرىدىغان ئۇسۇل بىلەن لايىھىلەنگەن .






بۇ رەسىمدىن بىز چۈمۈلىلەر ياسىغان بىر يەر ئاستى شەھىرى كۆرۈمىز . ئۇلارنىڭ جۇغىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، ئۇلار ھەيران قالارلىق دەرىجىدە مۇشۇنداق چوڭ شەھەرنى قۇرغان.

يەنە كېلىپ، بىز بىنا قۇرغان ۋاقىتتا بىنانىڭ بىزگە زۆرۈر بولغان تەرەپلىرىنى ئويلىشىمىز. مەسىلەن: بىنالىرىمىزنىڭ يەر ئاستى نۇرغۇن قەۋەتى بولغاچقا كۈن نۇرى ئىنتايىن چەكلىك مىقداردا كىرىدۇ. لېكىن بەزى بۆلۈملەر كۈن نۇرى ئېنېرگىيىسىگە ئىنتايىن ئېھتىياجلىق. شۇڭا بىز بۇ بۆلۈملەرنىڭ بىنانىڭ ئەڭ ئۈستى قەۋىتىگە، بۇرجەكلىرىدىن كەڭ دائىرىدە كۈن نۇرى قوبۇل قىلالايدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىمىز. يەنە ئۆز □ ئارا مۇقىم تۇرىدىغان بۆلۈملەرمۇ بار. بىز ئۇلارنى بىر بىرىگە يېقىن ياسايمىز. شۇنىڭ بىلەن چۈمۈلىلەر ئۆز □ ئارا ناھايىتى ئاسان ئالاقە قىلالايدۇ. بىزنىڭ ئارتۇق ماتېرىياللارنى ساقلايدىغان ئىسكىلاتىمىز ئايرىلىپ بىنانىڭ باشقا بىر تەرىپىگە سېلىنىدۇ. تەمىنات ساقلايدىغان ئىشكاپلارنى بىز ئاسان بارالايدىغان يېقىن جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ تەمىناتىمىزنى ساقلايمىز ۋە يەنە مەلۇم مەزگىللەردە يىغىلىدىغان چوڭ زالنى بىنانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرىمىز.




-1هاۋا مۇداپىئە سستېمىسى
-2يېشل ئۆي.
-3ئاساسى كرىش ئېغىزى ۋە قوشۇمچە كرىش ئېغىزى.
-4ياساشقا تەييارلىغان مەجلىسخانا
-5قەبرىستانلىق
-6قاراۋۇل ياتاقخانا
-7سرتقى قالقان
-8كۈتۈش ئۆيى
-9گۆش ئىسكلاتى
-10ئاشلىق ئىسكلاتى
-11لىچىنكلاردىن خەۋەر ئېلىش ئۆيى
-12قىش ئۆتكۈزۈش ئۆيى
-13مەركىزى ئىسسىقلىق بۆلۈمى
-14تۇخۇملاش ئۆيى
-15خان جەمەتى بۆلۈمى

شەكسىزكى! چۈمۈلىلەر يۇقىرىقىلارنىڭ تەپسىلاتىنى ئۆزلىرى پىلانلاپ ۋە ئۆزى لايىھىلەپ قىلالمايدۇ. ئۇلارغا الله تەرىپىدىن ئىلھام بېرىلگەنلىكى شەكسىز.



چۈمۈلىلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن ياسىغان ئۆي ئۇلارغا نىسبەتەن بىر قەلئەگە ئوخشاش



ئۆمەر بۇلارنى ئاڭلىغان چاغدا، ئۇ كىچىك دوستىدىن: «سىلەر راستتىن يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلالامسىلەر؟ مەن چۈمۈلىلەرنىڭ ماھىر ئېنجىنېرلاردەك ۋە ئارخىتېكتورلاردەك (بىنا لايىھىلىگۈچى) خىزمەت قىلالايدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن. ئەگەر ئىنسانلار شۇنداق بىر ياخشى بىنا سالماقچى بولسا، ئۇلار بىر نەچچە يىلنى مەكتەپ ئوقۇش بىلەن ۋە قاتتىق ئىشلەش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. سىلەرمۇ شۇنداق تەربىيىلەنگەنمۇ؟» چۈمۈلىنىڭ جاۋابلىرىنى ئاڭلاپ ئۆمەرنىڭ مېڭىسى ئويلىنىپلا قالدى.



«ئۇنداق ئەمەس، ئۆمەر! ھەممىمىزدە بۇ ماھارەتلەر بار، بۇلار ھەرگىز بىزگە ئۆگىتىلمەيدۇ. لېكىن بىز قاچان، نېمە ئىش قىلىشىمىزنى ئېنىق بىلىمىز. بۇ تېخى ھەممىسى ئەمەس. ئەمدى مەن ساڭا سىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى ئېيتىپ بەرمەكچى.

مەن ساڭا ئېيتسام، بىزنىڭ ئۇۋىمىز بىزگە سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى چوڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسسىق بولىدۇ. ئۇۋىمىزدا ئىنتايىن مۇرەككەپ مەركىزى ئىسسىتىش سىستېمىسى بار. بۇ ئۇسۇل بىلەن تېمپېراتۇرا پۈتۈن كۈن مۇقىم تۇرىدۇ. تېمپېراتۇرىنى يەنە مۇشۇنداق تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە سىرتتىن ئىسسىقلىقنىڭ كىرمەسلىكى ئۈچۈن بىز ئۇۋىنىڭ سىرتقى يۈزىنى ھەرخىل ماتېرىياللار بىلەن ياپىمىز. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن قىش پەسلىدە سوغۇق ھاۋانىڭ كىرىشىدىن، ياز پەسلىدە ئىسسىق ھاۋانىڭ چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىمىز. شۇنداق قىلىپ بىز تېمپېراتۇرىنى دائىم مۇقىم بىرخىل ساقلايمىز.



شەكسىزكى، ئەگەر ئۆمەر كىچىك دوستى چۈمۈلە بىلەن كۆرۈشمىگەن بولسا چۈمۈلىلەرنىڭ مۇشۇ ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنمەيتتى. ئۇ چۈمۈلىگە مۇنداق دېدى: «سەن بۇلارنى ماڭا ئېيتىشتىن بۇرۇن ئەگەر بىرسى كېلىپ سېنىڭ ئۇۋاڭنىڭ تەپسىلاتىنى ماڭا ئېيتىپ، كىم شۇنداق بىنالارنى سالالايدۇ دەپ سورىسا. مەن ئەلۋەتتە ئۇنداق ئۇۋىنى پەقەت ئەڭ يۇقىرى ماھارەتلىك ئۇستىلار، ئەڭ ياخشى قۇراللار بىلەنلا ياسىيالايدۇ دېگەن جاۋابنى بېرەتتىم. ئەگەر بىرسى ماڭا بۇ بىنانى تەربىيەلەنگەن ئىنسانلار ئەمەس چۈمۈلىلەر ياسىدى دېسە، راستىنى ئېيتسام، مەن ئۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنمەيتتىم.

ئۆمەرنىڭ كىچىك دوستى ئۇنىڭغا سۆزلەۋاتقاندا ئۇنىڭ خىيالىدىن نۇرغۇن خىياللار كەچتى. ئۇ چۈمۈلىلەرنى ئىنسانلاردىن ماھارەتلىك ئىكەن دەپ ئويلاپ ئۇلارغا باشقىچە قارايدىغان بولدى. ئۆمەر بۇ چۈمۈلىلەرنى الله نىڭ ياراتقانلىقىنى ۋە ھەر ۋاقتى ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشى الله نىڭ ئىلھام بىلەن ئۇلارغا كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنى چۈشەندى. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلار يۇقىرىقى ئىشلارنى ھەرگىز مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلالمىغان بولاتتى. 



بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ خىيالىدىن بىر بىرلەپ ئۆتتى، ئۇنىڭ كىچىك دوستى سۆزلەشنى داۋام قىلىۋاتاتتى، ئۆمەرنىڭ قىزىقىشى بارغانسېرى ئاشتى، ھەممە ئۇنىڭ خىيالىغا كەلگەن ھەربىر ئىش توغرىسىدا ئۇنىڭدىن سورىغۇسى كەلدى. خىيالىغا دەماللىق كەلگەن تۇنجى سوئالنى سورىدى. ئۇنىڭغا چۈمۈلىلەرنىڭ دېھقانلارغا ئوخشاش ئىكەنلىكى بۇرۇنلا بىلدۈرۈلگەچكە، ئۇ ئۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلارنى قانداق بىرتەرەپ قىلىدىغانلىقىنى سورىدى. بىر چۈمۈلە شۇنداق كىچىك تۇرسا، ھېچقانداق قورالسىز يەر تېرىيدىغان، ھەتتا ئادەملەرمۇ خېلى تەس قىلىدىغان ئىشلارنى قانداق قىلالايدۇ؟

چۈمۈلە مۇنداق دېدى: «مەن ساڭا بىز توغرىسىدا يەنە بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەي، سېنىڭ سوئالىڭغا چۈشىنىشلىكراق قىلىپ جاۋاب بېرەي. گەرچە بىز قارىماققا ئىنتايىن ئوخشاپ قالساقمۇ، ياشاش تۇرمۇش ئەھۋالىمىزغا ئاساسەن نۇرغۇن پەرقلىق گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنگەن 8800 (سەككىز مىڭ سەككىز يۈز) خىل چۈمۈلىلەر تۈرى بولۇپ، ھەممە نەسلىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى بار. دېھقان چۈمۈلىلەر بولسا بۇلارنىڭ بىر نەسلى. ئەمدى ساڭا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چۈمۈلىلەر توغرىسىدا ئېيتىپ بېرەي. ئۇلارنى «ئاتتاس » دەپ ئاتايمىز. ئۇلار يوپۇرماق كەسكۈچى چۈمۈلىلەردۇر .

ئاتتاسنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بولسا ئۆزى كەسكەن يوپۇرماق پارچىلىرىنى بېشىدا كۆتۈرۈپ ماڭغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يوللىرىنى ئالدى بىلەن سىلىقلاشتۇرىدۇ. (يەنى راۋان يول ياسايدۇ) شۇنداق بولغاچقا ئۇلار ئاسانلا يول يۈرەلەيدۇ . ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىغا بارىدىغان يولدا يوپۇرماقلارنى كۆتۈرۈپ ماڭغان كۈرىنىشى خۇددى كىچىك يۇقىرى سۈرەتلىك تاش يولغا ئوخشاپ قالىدۇ. چۈمۈلىلەر يوللاردا ئاستا يۈرۈپ ئۇۋىسىغا تۇتىشىدىغان يوللاردىكى ئۇششاق شاخچە، كىچىك تاشلارنى، ئوت - چۆپ ۋە ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنى يىغىپ ئۇلارنى يۆتكىۋېتىدۇ . شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يوللىرىنى تازىلايدۇ.





ئاتتاس يوپۇرماقلارنى ئۇستىلىق بىلەن ناھايىتى ئاۋايلاپ كېسىدۇ



ئۇزۇن ۋە قاتتىق خىزمەتتىن كېيىن، بۇ يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تۈز ۋە خۇددى ئالاھىدە قۇراللار بىلەن تەكشىلىگەندەك تەكشى بولۇپ كېتىدۇ. ئاتتاس ئېغىزى بىلەن ناھايىتى چىلىك چىشلىگەن يوپۇرماقلارنىڭ چوڭ پارچىلىرى ئارىسىغان يوشۇرۇنۇپ ، بۇ يۇقىرى سۈرئەتلىك يول بىلەن ئۇۋىسىغا قاراپ ماڭىدۇ.

ئۆمەر: ئۇلار يوپۇرماقلارنىڭ ئاستىغا يوشۇرىنىدۇ دېدىڭما؟ نېمە ئۈچۈن ئاتتاس يوپۇرماق ئاستىغا يوشۇرۇنۇشنى زۆرۈر دەپ قارايدۇ؟

چۈمۈلە: ئۆمەر ئاتتاس بەزى ۋاقىتلاردا دىققەت قىلىشى كېرەك . مەسىلەن: ئوتتۇرھال چوڭلۇقتىكى ئاتتاس خىزمەتچىلىرى پۈتۈن بىر كۈننى ئۇۋىسىدىن يىراق جايلاردا يوپۇرماق كۆتۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار بۇنداق ئىشلارنى قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئۆزىنى قوغداش تەسكە توختايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆز - ئۆزىنى قوغدايدىغان ئېغىزى بىلەن يوپۇرماقلىرىنى كۆتۈرۈۋالىدۇ .



-1 .چۈمۈلىلەر ئۇلار ئېلىپ كەلگەن يوپۇرماقلارنى كېسىپ ئۇششاق پارچىلايدۇ.

-2ئۇلار بۇ كىچىك پارچىلارنى چىشلەپ شىلىمدەك سۇيۇق ھالەتكە ئېلىپ كېلىدۇ.

3 -ئۇلار بۇ شىلىمشىق سۇيۇقلۇقنى يىڭى ئۆيلەردىكى قۇرۇتۇلغان يوپۇرماقلارنىڭ ئۇستىگە تۆكىدۇ.

-4ئۇلار ئۇششاق موگو پارچىلىرىنى باشقا ئۆيلەردىن ئېلىپ كېلىپ بۇ شىلىمشىقلارنىڭ ئۇستىگە قويىدۇ.

-5ناھايىتى ئالدىراش چۈمۈلىلەر گۈرپىسى باغچىنى تازىلاپ، بارلىق زۆرۈر بولمىغان ماتېرىياللارنى يۆتكىۋېتىدۇ .



ئۆمەر : ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنى قوغدىيالمىسا كىم ئۇلارنى قوغدايدۇ؟ يوپۇرماق كەسكۈچى چۈمۈلىلەرگە، كىچىك ئىشچى چۈمۈلىلەر ھەمراھ بولىدۇ ، بۇ كىچىك ئىشچى چۈمۈلىلەر ئاتتاس چۈمۈلە يوپۇرماقلارنى كۆتۈرگەندە، يوپۇرماقنىڭ ئۇستى تەرىپىگە يامىشىپ قاراپ تۇرىدۇ. دۈشمەن ھۇجۇم قىلىدىغان ۋەقەلەردە ئۆزلىرىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي دوستلىرىنى قوغدايدۇ.

ئۆمەر : بۇ ئۆزىنى قۇربان قىلىدىغان ھەيران قالارلىق مىسال ئىكەن. لېكىن مىنىڭ يەنە بىر ئىشنى بىلگۈم بار، ئاتتاس بۇ يوپۇرماقلارنى نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئاتتاس دائىم يوپۇرماقلارنى كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ ؟

چۈمۈلە: يوپۇرماقلار ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن بەك مۇھىم، ئاتتاس بۇ يوپۇرماقلارنى موگو ئۆستۈرۈشكە ئىشلىتىدۇ. چۈمۈلىلەر يوپۇرماقلارنى يېيەلمەيدۇ . شۇڭا ئىشچى چۈمۈلىلەر بۇ يوپۇرماقلارنى چىشلەپ پارچىلاپ، ئۇششاق ھالەتكە كەلتۈرۈپ دۆۋىلەپ ، ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىدىكى يەرئاستى ئۆيلەرگە قويىدۇ. بۇ ئۆيلەردە ئۇلار يوپۇرماقلار ئۈستىدە موگو ئۆستۈرىدۇ، بىخلانغان موگو لاردىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېمەكلىكلىرىگە ئېرىشىدۇ .

سەن بەلكىم بۇنداق كىچىك چۈمۈلىلەر بۇنداق مۆجىزىۋى ئىشلارنى قانداقمۇ ئۆزلىرى قىلىدىغاندۇ دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن؟



ئۆمەر: شۇنداق، ھەقىقەتەن مەن چۈمۈلىلەرنىڭ يۇقىرىقى ئىشلارنى قانداق بىرتەرەپ قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە تىرىشىپ باقتىم. مەسلەن : ئەگەر سەن مەندىن موگو تېرىشنى سورىساڭ. ئۇنداق قىلىش مەن ئۈچۈن ئۇنداق ئاسان ئەمەس. ئازدىگەندە، مەن بىرنەچچە كىتاب ئوقۇشۇم كېرەك ياكى قانداق قىلىشنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ تەكلىپلىرىنى ئېلىشىم زۆرۈر بولىدۇ . لېكىن مەن بىلمەن، ئاتتاس بۇنداق تەربىيىلەشلەرنى قوبۇل قىلمىغان.

ھازىر مەن سېنىڭ چۈمۈلە دوستلىرىڭنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىدىغىنىنى ۋە شۇنداق تالانتلىق ئىكەنلىكىنى





● ئاتتاس كەسكەن يوپۇرماقلارنى كۆتۈرۈۋاتىدۇ . .

ئۆمەر يەنە كىچىكىپ قالدى. ئۇ چۈمۈلىگە رەھمەت ئېيتىپ، مەكتەپكە ماڭدى. ئۇ مېڭىۋاتقاندا ئۇنىڭ چۈمۈلە دوستى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگەن ئىشلار تېخىچە ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئويلىنىپ ماڭدى.

چۈمۈلىلەرنىڭ بۇنداق ماھارەتلىك ھەرىكەتلىرى ، بىر ئۇلۇغ ھېكمەت نى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇ ھېكمەت چۈمۈلىلەرگىلا خاس ئەمەس. ئۇلار نېمىلا دېگەن بىلەن كىچىك جانلىقلار، ھەممە چۈمۈلىلەرنىڭ ماھارەتلىرى كىشىلەرگە الله نىڭ ھېكمىتىنى كۆرسىتىدۇ. الله نىڭ بۈيۈكلۈكىنى ، بارلىقىنى ۋە الله نىڭ يارىتىش سەنئىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن الله، چۈمۈلىلەرنى ياراتقۇچى زات، بۇ كىچىك جانۋارلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەقلى بىلەن مۇتلەق قىلالمايدىغان ۋەزىپىلەرنى قىلالايدىغان قىلىپ ياراتقان.


ئۇنىڭ كىچىك دوستى تۇغۇلۇشىدىنلا بار بولغان ئەقىل- پاراسەت، ماھارەت ۋە ئۆزىنى قۇربان قىلىشلار تەبئىلا ئۇلۇغ الله تەرىپىدىن ئىلھام قىلىنىپ بېرىلگەن . چۈمۈلىنىڭ قىلغان ئىشى ئۇنىڭ ئۆزىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ الله نىڭ كۈچ قۇدرىتى ۋە ھېكمىتى بىلەن بولغان.

ئۇ بۇلارنى مەكتەپتە پۈتۈن بىركۈن ئويلاندى. ئۇ كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە الله بارلىق ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشنى قارار قىلدى. ئۇ ئوقۇغان تۇنجى ئايەت تۆۋەندىكى بولدى.

ئۇ پۈتۈنلەي الله نىڭ چۈمۈلىلەرنى ، ئۆزىنى، ئانىسىنى ، دادىسىنى، قېرىنداشلىرىنى ۋە كائىناتتىكى

ئەگەر سىزگە بىركۈنلەردە ئۆمەرگە ئوخشاش ياخشى دوست بىلەن ئۇچرىشىپ قالسىڭىز ئۇ توغرىسىدا كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ. الله ياراتقان جانلىقلارنىڭ مۇكەممەللىكى توغرىسىدا ئىزدىنىڭ ۋە تەپەككۇر قىلىڭ.

«شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار (190) ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ الله نى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن».( سۈرە ئال ئىمران 190-191- ئايەتلەر)



http://nurislam.cn